

# ئىستىقلال

2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي
10 ـ سان

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك
سىياسىي ـ ئىلمىي گېزىت


## شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنى ئىستانبۇلدا مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا چاقىرىلدى



ئۆز مۇخبىرىمىز خەۋىرى : 2 ـ قېتىملىق « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ قارارىغا ئاساسەن، قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېتىنىڭ تۇنجى نۆۋەتلىك يىغىنى تۈركىيەنىڭ ئىستانبۇل شەھرىدە مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا چاقىرىلدى.

قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ ساھىپخانلىقىدا چاقىرىلغان بۇقېتىمقى دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا، قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان ۋە باش كاتىپ ئەسقەرجانلار، 2 ـ نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » چاقىرىلغاندىن بۇيانقى يېرىم يىل ئىچىدە ئېلىپ بېرىلغان سىياسىي پائالىيەتلەر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەت پىلانلىرى ھەققىدە دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىغا تەپسىلىي ۋە ئەتراپلىق دوكلات بەردى. ( داۋامى 2 ـ بەتتە )

## قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق يىغىندا



ئۆز خەۋىرىمىز: « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان باشچىلىقىدىكى قۇرۇلتاي ۋەكىللەر ئۆمىكى ۋە باشقا ئەللەردىن كەلگەن ئۇيغۇر ۋەكىللىرى، بۇيىل 5 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنىدىن ـ 27 ـ كۈنىگىچە ئامېرىكىنىڭ پايتەختى ۋاشىنگتوندا ئۆتكۈزۈلگەن « ئەركىن ئاسىيا » دىگەن تېمىدىكى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى.

يىغىنغا قاتناشقان ئۇيغۇر ۋەكىللىرى بىردەك ھالدا خىتاي دېموكراتلىرىدىن، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى ئېتىراپ قىلغانلىقىنى دۇنياغا رەسمىي جاكالاشنى قاتتىق تەلەپ قىلدى (3 ـ بەتتە )



يېقىندا، گېرمانىيەدىكى ئەڭ نوپۇزلۇق سىياسىي گېزىتلەرنىڭ بىرى بولغان « جەنوبى گېرمانىيە گېزىتى » نىڭ مۇخبىرى Gertrud Ratenhuber خانىم قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنى ۋە « ئىستىقلال » گېزىتى تەھرىر بۆلۈمىنى زىيارەت قىلىپ، قۇرۇلتاي ۋە گېزىت ھەققىدە مەلۇمات ئالدى ھەمدە « ئىستىقلال » گېزىتىنى تۇتۇپ خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

## قىرغىزىستاندىكى « ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تەركىۋىگە كىردى

ئۆز خەۋىرىمىز: قىرغىزىستاندىكى ئاساسلىق تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ بىرى بولغان « ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » نىڭ رەئىسى شەمسىدىن ئابدۇرېھىم، تەشكىلاتنىڭ مەركىزى كومىتېتى نامىدىن قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىغا ئىلتىماس سۇنۇپ، مىللىي قۇرۇلتايغا ئەزا بولۇپ كىرىشنى رەسمىي تەلەپ قىلغان ئىدى. بۇقېتىم تۈركىيەدە چاقىرىلغان تۇنجى قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنىدا، دائىمىي كومىتېت ئەزالىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىغى بىلەن، مەزكۇر تەشكىلات رەسمىي ھالدا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تەركىۋىگە ئەزا بولۇپ كىردى. بۇنىڭ بىلەن، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى قارمىغىدىكى تەشكىلاتلارنىڭ ئومومى سانى 16 غا يەتتى، بۇ تەشكىلاتلار 9 دۆلەتتە پائالىيەت ئېلىپ بارماقتا.

قۇرۇلتاي مەسئۇللىرىنىڭ بەرگەن خىزمەت دوكلاتىدا، قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ قۇرۇلتايدىن كېيىن جىددى تۈردە ھەرىكەتكە كىرىشىپ، ئالدى بىلەن مەركەزدىكى تەشكىلى ئاپاراتلارنى مۇستەھكەملەش ئىشىنى ئېلىپ بارغانلىقى ۋە قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەركەز ئىشخانىسىدا ئالاقە ۋە تەشۋىقات ئىشلىرىغا زۆرۈر كېرەكلىك بولغان ئۈسكىنە ۋە ماتېرىياللارنى تولۇقلاپ چىققانلىقى، مىللى قۇرۇلتاينى گېرمانىيەدە قانۇنى سالاھىيەتكە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىنى گېرمانچىغا تەرجىمە قىلدۇرۇش ۋە ئۇنىڭ قانۇنىي رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەپ، بىرقانچە ئايغا يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىنى گېرمانىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇنى تەستىقىدىن ئۆتكۈزگەنلىكى، ئىچكى جەھەتتە ھەرقايسى ئەللەردىكى قېرىنداش تەشكىلاتلار بىلەن بولغان ئالاقىنى كۈچەيتىپ، يەنە بىر تەرەپتىن كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، مىللى داۋايىمىزنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇتۇش جەھەتلەردە جىددى قەدەملەرنى باسقانلىقىنى، قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ قىسقىغىنە 6 ئاي ئىچىدە ياۋروپا ئەللىرىدە كۆپلىگەن نامايىش ۋە يىغىنلارنى ئۇيۇشتۇرغانلىقى، شۇنداقلا كۆپلىگەن خەلقئارالىق يىغىنلارغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ئاڭلاتقانلىقى ئەمىلى مىساللار ئارقىلىق بايان قىلىندى. يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر، قۇرۇلتاي مەكزى ئورگىنىنىڭ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە قۇرۇلتاينىڭ تەشكىلى ئاپاراتىنى مۇستەھكەملەش، قۇرۇلتاينى قانۇنىي سالاھىيەتكە ۋە نوپۇزغا ئىگە قىلىش ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنى ياۋروپا سىياسى سەھنىلىرىگە ئېلىپ چىقىش جەھەتلەردە قولغا كەلتۈرگەن مۇۋاپىقىيەتلىرىگە بىردەك ھالدا ئىجابى باھا بەردى، شۇنداقلا ئۇلار، مىللى قۇرۇلتاينىڭ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقىمىز ئىچىدە پەيدىن - پەي تونۇلۇشقا ۋە ئېتىراپ قىلىنىشقا ئېرىشۋاتقانلىقىنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئېلىشتى.



دۇنيا ئىنتېرنېت تورىدا قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مىللى قۇرۇلتاينىڭ ئۆزىگە خاس مۇستەقىل سەھىپىسىنى ئېچىش ۋە بۇ ھەسپىلەردە ئۇيغۇرچە، تۈركچە، ئەنگىلىزچە، گېرمانچە ۋە خىتايچە تىللاردا خەۋەر - ئۇچۇر تارقىتىش پىلانى تەستىقلاندى؛

يىغىندا يەنە، قۇرۇلتاي قارارى ئاساسىدا ئۆزئارا ئىتتىپاقىمىزنى يەنىمۇ مۇستەھكەملەش، سېپىمىزنى كېڭەيتىش، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ھازىرغىچە قۇرۇلتىيىمىزغا ئەزا بولالمىغان تەشكىلاتلارنى ۋە مىللى زاتلىرىمىزنى سېپىمىزگە جەلىپ قىلىش مەقسىدىدە يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىش كېرەكلىكى ئالاھىدە تەكىتلەندى.

بۇقېتىمقى دائىمى كومىتېت يىغىنىغا، قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان، مۇئاۋىن رەئىس قەھرىمان غوجامبەردى، باش كاتىپ ئەسەرجان، قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « ۋەتەن فوندى » نىڭ رەئىسى سېيىت تارانچى، باش تەپتىش تۇرسۇن ئىسلام، قۇرۇلتاي مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىنىڭ رەئىسى ھاجى ياقۇپ، قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېت ئەزالىرىدىن دىلبىرىم سامساقوۋا، گۇلنۇر جالونوۋا، ئەركىن ئەكرەم، فارۇخ سادىقوف، قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىدىن دوكتۇر شامىل، دوكتۇر سۇلتان ماخمۇت قەشقىرى، ئەركىن ئەمەت، ھامۇتخان كۆكتۈرۈك، ئابدۇجېلىل تۇران، ئالىملا ھاكىم ... قاتارلىقلار قاتناشتى.

قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش، دائىمى كومىتېت ئەزالىرىدىن سابىت ئابدۇراخمان، غۇلامىددىن پاختا، ئەخمەت ئىگەمبەردى، ئەنۋەر راخمان قاتارلىقلار خەت ۋە فاكىس ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ تەكلىپ - پىكىرلىرىنى دائىمى كومىتېت يىغىنىغا يەتكۈزدى ۋە دائىمى كومىتېت يىغىنىنىڭ قارارلىرىغا تولۇق ئەمەل قىلىدىغانلىقلىرىنى ئىزھار قىلىشتى.



بۇ قېتىمقى دائىمى كومىتېت يىغىنىدا، تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مىللى ھەرىكىتىگە مۇناسىۋەتلىك ستراتېگىيەلىك مەسىلىلەر ئەتراپلىق مۇھاكىمە قىلىنغاندىن سىرت، مىللى قۇرۇلتاينىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى بىر مەزگىل ئىچىدە ئېلىپ بارىدىغان ئاساسى پائالىيەتلىرى ھەققىدە تۆۋەندىكىدەك قارار ۋە تەكلىپ - پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېتىنىڭ 2 - نۆۋەتلىك يىغىنىنىڭ قاچان، قەيەردە ئېچىلىدىغانلىقى مۇزاكىرە قىلىنىپ، بۇھەقتە مەخسۇس قارار ئېلىندى؛

دائىمى كومىتېت ئەزاسى دىلبىرىم سامساقوۋانىڭ بۇيىل كۈزدە تۈركىيەدە « ئۇيغۇر ئاياللىرى قۇرۇلتىيى » نى ئۆتكۈزۈش ھەققىدىكى تەكلىپى قوبۇل قىلىندى؛

دائىمى كومىتېتنىڭ قارارىغا ئاساسەن، ئىستانبۇلدىن ئابدۇجېلىل تۇران قۇرۇلتاي باش كاتىپلىقى قارمىقىدىكى دىنىي ئىشلار باشقارمىسىنىڭ تۈركىيەدىكى مەسئۇللىقىغا، ئەنقەرەدىن ئەركىن ئەمەت تەشرىيات ۋە تەتقىقات ئىشلىرى مەسئۇللىقىغا، ئالىملا ھاكىم تەشۋىقات ۋە ئالاقە ئىشلىرى مەسئۇللىقىغا، قازاقىستاندىن تەلەت ھەمرايېپ قۇرۇلتاينىڭ قازاقىستاندا تۇرۇشلۇق مۇئاۋىن باش كاتىپلىقىغا تەيىنلەندى؛

دائىمى كومىتېت يىغىندا يەنە قۇرۇلتاينىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى كونكرېتنى خىزمەت پىلانى تەستىقلىنىپ ماقۇللاندى؛

تۈركىيەدە قۇرۇلتاي نامىدىن تەشۋىقات ۋە تەرغىبات ئىشلىرىنى يەنىمۇ تەرەققى قىلدۇرۇش، تۈركىيە خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىگە بولغان ھېسداشلىقىدىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىش ئىمكانلىرىنى ئىزدەش ۋە بۇجەھەتتىكى پائالىيەتلەرنى يەنىمۇ كۈچەيتىش قارار قىلىندى؛

## ئەركىن ئالپتېكىن گېرمانىيەدىكى ئۇيغۇر ئۆسمۈرلىرى بىلەن بىرگە

ئۆز خەۋىرىمىز: يېقىندا مەشھۇر ئۇيغۇر سىياسىيون ۋە « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى » نىڭ باش كاتىبى ئەركىن ئالپتېكىن ميۇنخېندىكى قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنى زىيارەت قىلغاندا، قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » تەرىپىدىن ئۇيغۇر ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان دىن - ئەخلاق كۇرسىغا كىرىپ، بۇ كۇرۇستا ئوقۇۋاتقان ئۆسمۈرلەردىن خال - خاتىرە سورىدى ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئارىسىدا ئولتۇرۇپ خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.



# ...ئاينىڭ پەخرى رەئىسى مۇھەممەت رىزابېكىننىڭ، 8 - نۆۋەتلىك... قۇرۇلتىيى نىڭ ئومۇمىي يىغىنىدا قىلغان نۇتقىنىڭ تولۇق...

پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە ئىنسانلىق تارىخى ئۈچۈن ئىبرەت ئېلىشقا تېگىشلىك بولغان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى - بۈگۈن ھەر جەھەتتىن سىز قىممەتلىك قېرىنداشلىرىمنىڭ ۋە پۈتۈن ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە ياردەم قىلىشىغا مۇھتاج بىر ۋەزىيەت ئاستىدا تۇرماقتا.

بۈگۈن خىتاي خەلق جۇمھۇرىيىتى تەرىپىدىن ئاتالمىش « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستاندا، تەسەۋۋۇر قىلىش ۋە ئىپادىلەش قىيىن بولغان ئېچىنىشلىق بىر ۋەزىيەت ھۆكۈم سۈرمەكتە ۋە 30 مىليون ئىنسان ئۆز تۇپراقلىرىدا يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە.

مۇستەملىكچىلىك ۋە ئىرقچىلىق دەۋرىنىڭ پۈتۈن دۇنيادا يوقۇلۇشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقان بۈگۈنكى ۋەزىيەتتە، خىتاي كوممۇنىستىك ھاكىمىيتى شەرقىي تۈركىستاننى سىياسىي، تارىخىي، جۇغراپىيەۋىي جەھەتتىن ۋە ئىنسانلارنىڭ مېڭىسىدىن تۈپتىن يوق قىلىۋېتىش ھەمدە بۇ ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاننى ئۆز تۇپراقلىرىغا قوشۇۋېلىش مەقسىدىدە شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەقىقىي خوجايىنلىرىغا قارىتا پىلانلىق ھالدا يوقۇتۇش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈپ كەلمەكتە.

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىنى، مەدەنىي مەۋجۇتلۇقىنى ۋە غۇرۇرىنى قوغدىغان ئەۋلاتلىرى خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېغىر بېسىم، تەھدىت، قىيىن - قىستاق، تېرور ۋە ئۆلۈم بىلەن بىر - بىرلەپ يوقۇتۇلماقتا. خەلقىمىزنىڭ ھاياتلىق مەنبەئەلىرى دەخىل - تەرۇزگە ۋە تالان - تاراجغا ئۇچرىماقتا، مۇنبەت تۇپراقلار تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئېقىپ كېلىۋاتقان خىتاي كۆچمەنلىرىگە بۆلۈپ بېرىلمەكتە، يەرلىك خەلق بولسا ياشاش شارائىتى ئىنتايىن قىيىن بولغان قاقاسلىقلارغا سۈرگۈن قىلىنماقتا، شۇنداقلا يەرلىك خەلق تۈرلۈك ئېغىر باج - سېلىقلارغا دۇچار قىلىنىش ئارقىلىق بارغانسېرى نامراتلاشتۇرۇلماقتا. شەرقىي تۈركىستاننىڭ مول تارىخىي، مىللىي، مەدەنىي مىراسلىرى ۋە بايلىقلىرى تالان - تاراج قىلىنماقتا ۋە يوقۇتۇلماقتا. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ بىرى بولغان ئائىلە قۇرۇش ھوقۇقى ۋە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ھوقۇقلىرى دەخىل - تەرۇزگە ۋە بېسىمغا ئۇچرىماقتا، خىتاي ھاكىمىيتى يەرلىك خەلقنىڭ پەرزەنت كۆرۈشنى توسۇش ئۈچۈن ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى ئۇسۇللار بىلەن خانىم - قىزلىرىمىزنى مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرماقتا ... يەنى ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسىدا قوبۇل قىلىنغان ۋە ئىنسانلارنىڭ ئەڭ تەبىئى ھەقلىرىنىڭ بىرى بولغان « ياشاش ھەققى » دەخىل - تەرۇزگە ئۇچرىماقتا.




خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە يۈرگۈزىۋاتقان بۇخىل سىياسەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنىڭ تىبەت خەلقىغە قارىتامۇ يۈرگۈزۈلىۋاتقانلىقى دۇنيا جامائەتچىلىكى تەرىپىدىن بىلىنىپ كەلمەكتە، ئەمما شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بېرىۋاتقان پاجىئەلەر تىبەتنىڭكىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدىغان دەرىجىدە ئىنتايىن ئېغىر ۋەزىيەتتە تۇرماقتا. بۇخىل ئېچىنىشلىق ۋەزىيەتنى « پۈتۈن ئىنسانلىق ئالىمى ئۈچۈن ۋە دۇنيانىڭ بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سېلىۋاتقان كوللىكتىپ بىر جىنايەت » دەپ قارىساقمۇ ھەرگىز خاتالاشقان بولمايمىز!

خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى يۇقارقى قىلمىشلىرى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئۆز ۋەتىنىدە ئازسانلىق ئورۇنغا چۈشۈرۈپلا قالماستىن، بەلكى كوللىكتىپ ھالدا يوقۇلۇپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلتۈرمەكتە. شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىز دۇچ كېلىۋاتقان بۇ ۋەزىيەت، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى »، « ياۋروپا پارلامېنتى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى » غا ئوخشاش كۆپلىگەن خەلقئارالىق تەشكىلات ۋە ئورگانلارنىڭ ئېلان قىلغان دوكلاتلىرىدا ئوچۇق ئىسپاتلىنىپ تۇرماقتا. خىتاينىڭ بۇ قىلمىشلىرى، ئەينى ۋاقىتتا خىتاي ئۆزىمۇ ئىمزا قويغان « بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى ئومۇمىي باياننامىسى » ۋە بارلىق خەلقئارالىق پرىنسىپلارنىڭ روھىغا تامامەن خىلاپ.

شەرقىي تۈركىستاندا كۈندىن - كۈنگە كۈچىيىۋاتقان بۇ زۇلۇم ۋە بېسىملار، ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلىۋاتقان بۇ بۈيۈك قۇرۇلتايدا ۋە تۈرلۈك يىغىنلاردا تىلغا ئېلىنىپ كەلمەكتە، ئەپسۇسكى، تۈركىيەدىن باشقا ھەرقانداق بىر قېرىنداش ئەللىرىمىزدىن بۇھەقتە بىرەر قىزىقىش ياكى ئىنكاسنى كۆرەلمىدۇق، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى ئەڭ قاتتىق ئەپسۇسلاندۇرغىنى شۇكى، خەلقىمىزنىڭ تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئورتاق قىممەتلىرى ئۈچۈن، باشقىلار تەرىپىدىن تارتىپ ئېلىنغان ھەق - ھوقۇقلىرىنى قايتىدىن قولغا ئېلىش ئۈچۈن، ئىنسانچە ۋە ئەركىن ياشاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانى كۆرەشلىرىگە تۈرك دۇنياسى كىشىنى چۆچۈتىدىغان دەرىجىدە تۇيغۇسىز، ئېتىبارسىز ۋە ھىمايىسىز ھالدا قاراپ كەلمەكتە. بولۇپمۇ بەزى قېرىنداش ۋە خوشنا دۆلەتلەرنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي زۇلمىغا كۆز يۇمۇۋاتقانلىقى ۋە ھەتتا خۇددى خىتايغا ياردەم قىلىۋاتقاندەك ئېلىپ بارغان بەزى چۈشۈنۈكسىز ھەرىكەتلىرى بىزنى ئىنتايىن ئەپسۇسلاندۇرماقتا. بۇ ئەللەرنىڭ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىغا قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان ئىسكەنجە ۋە زۇلۇملىرىغا قارشى ھېچقانداق بىر ئىنكاس قايتۇرماسلىقى ۋە ئۇلارنىڭ خىتاينىڭ غەيرى ئىنسانى قىلمىشلىرىنى قوللاش ئاساسىدا ئېلىپ بارغان بەزى ھەرىكەتلىرى، خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى بېسىم، زۇلۇم ۋە ئاسسىمىلاتسىيە سىياسىتىنى تېخىمۇ يۇرەكلىك بىلەن ئىجرا قىلىشىغا سەۋەپچى بولماقتا.

ھەقىقى ۋە مەڭگۈلۈك تۈرك يۇرتى بولغان شەرقىي تۈركىستاندىكى بۇ پاجىئەلەر، ھەقىقەتەن بارلىق ئىنسانلىق ئالىمگە قارشى ئىشلەنگەن ۋە دۇنيا بىخەتەرلىكىگە تەھدىت سالغان بىر جىنايەتتىن ئىبارەت، خالاس! بۇ، خىتاينىڭ ئوتتۇرا ئاسىياغا ۋە غەرپكە كېڭەيمىچىلىك قىلىش يولىدا ئېلىپ بېرىۋاتقان موھىم ھەرىكەتلىرىدىن بىرى.

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، شەرقىي تۈركىستاننىڭ بۈگۈنكى نامى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى دىن ئىبارەت، ئەمما خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنىدا ئاپتونوم رايون ھېساپلانغان شەرقىي تۈركىستانغا بېرىشكە تېگىشلىك بولغان ھەقلەرنىڭ ھېچبىرى ئەملىيەتتە بېرىلمىگەن، خىتاي بۇ ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ 1982 - يىلى قايتا ئېلان قىلغان ئاساسىي قانۇننى ئاياق - ئاستى قىلماقتا، خىتاينىڭ ئاساسىي قانۇنى بويىچە بولغاندا بۇ بىر جىنايەت ھېساپلىنىدۇ.

خىتاينىڭ 1982 - يىلى ئېلان قىلغان يېڭى ئاساسىي قانۇنىنىڭ ئاپتونوم رايون لارغا مۇناسىۋەتلىك 2 - ماددىسىدا : دۆلەتنىڭ بىرتۇتاش يېتەكچىلىكى ۋە يول كۆرسىتىشى بىلەن، ئازسانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ مىللىي مەسىلىلىرىنى ۋە يەرلىك ئىشلىرىنى ئۆزلىرى ئىدارە قىلىدۇ دېيىلگەن، ئەپسۇسكى شەرقىي تۈركىستاندا بۇ قانۇن ئىجرا قىلىنغىنى يوق، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئاپتونوم ھۆكۈمەت تامامەن خىتاي كوممۇنىستىك پارتىيەسى تەرىپىدىن ئىدارە ۋە كونتۇرول قىلىنىپ كەلمەكتە.

شۇنى ئالاھىدە تەكىتلەپ ئۆتمەكچىمىزكى، ھېچبىر مىللەت ئۆز ۋەتىنىدە ئازسانلىق دەپ قارالمايدۇ، خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى سىياسىي تەسىرىم ئاستىدا دەپ قاراپ، ئۇلارغا ئاز سانلىق مىللەت مۇئامىلىسى قىلىشى تامامەن يولسۇزلۇقتىن ئىبارەت.

بىزنىڭ تەلەپلىرىمىز شۇكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مىللىي كىملىكىنى ۋە مىللىي مىراسلىرىنى يوقۇتۇشنى مەقسەت قىلغان قىلمىشلار ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى لازىم؛

نۆۋەتتە داۋام قىلىۋاتقان خىتاي كۆچمىنى يۆتكەش سىياسىتى دەرھال توختىتىلىشى كېرەك؛

رەھىمسىزلەرچە يولغا قويۇلۇۋاتقان مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش سىياسىتى ۋە زورلۇق بىلەن تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇش قىلمىشلىرى ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇشى لازىم؛

مەدىنىي مىراس، ئېتىقات ۋە ئىبادەتكە قارىتىلغان بېسىم سىياسىتى توختىتىلىشى كېرەك؛

( داۋامى 7 - بەتتە )

# خىتاينىڭ قورقىنى تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئەمەس، بەلكى 60 مىليون تۈرك خەلقىدىن ئىبارەت!

(سىياسى مۇلاھىزە)

پەرھات مۇھەممىدى

شۇنىسى ناھايىتى ئېنىقكى، شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ئوخشاش ئاسارەت ئاستىدا ئېزىلىپ ياشاۋاتقان تۈركىي خەلقلەرلا ئەمەس، ھەتتا دۇنيادىكى بارلىق مۇستەقىل تۈرك جۇمھۇرىيەتلىرىمۇ تۈركىيەنى ئۆزلىرىنىڭ باشپاناھى ۋە تۈرك دۇنياسىنىڭ يولباشچىسى سۈپىتىدە كۆرۈپ كەلمەكتە، بۇنىڭ تۈپ سەۋەبى — 60 مىليون تۈركىيە خەلقىنىڭ ئۆزلىرى بىلەن دىنداش، قانداش، تىلداش ۋە ئۇرۇغداش بولغانلىقىدىندۇر! گەرچە تۈركىيە يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بۇيان ئۆزىنىڭ «باشپاناھلىق» مەجبۇرىيىتىنى ئانچە ئادا قىلىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما يەر يۈزىدە مۇستەقىل بىر تۈرك جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغىنى، ئاسارەت ئاستىدىكى تۈركىي خەلقلەرگە مەنىۋى جەھەتتىن كۈچ، ئۈمىت ۋە ئىلھام مەنبەئى بولۇپ كەلگەن ئىدى. يەنە شۇنداقلا تۈركىيە جۇمھۇرىيىتىنىڭ مەۋجۇتلىقى، تۈركىي ئەللەرنى مۇستەملىكىسى ئاستىغا ئېلىۋالغان روسىيە ۋە خىتاي ئىمپېرىيالىزمى ئۈچۈن يوشۇرۇن تەھدىت بولۇپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، يىللاردىن بۇيان تۈركىيەنىڭ ھەرقايسى دەۋرلىرىدىكى ھۆكۈمەتلەرنىڭ روسىيە ۋە خىتاي ھۆكۈمەتلىرى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قانچىلىك يېقىن بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خىتاي بىلەن روسىيە تۈركىيەنى باشتىن - ئاخىر ئۆزلىرى ئۈچۈن يوشۇرۇن تەھدىت دەپ قاراپ كەلدى. تۈركىيەنى «پانتۈركىزىمچىلىق» نىڭ مەنبەئى دەپ قاراپ كەلگەن بۇ دۆلەتلەر، ئۇزۇن زامانلاردىن بېرى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىسى ئاستىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ تۈركىيە بىلەن يېقىنلىشىشىنى ۋە بىۋاستە مۇناسىۋەت ئورنىتىشىنى چەكلەپ كەلگەن ئىدى. ھەتتا روسىيە، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي جۇمھۇرىيەتلەر مۇستەقىل بولغاندىن كېيىنمۇ، يەنە داۋاملىق تۈردە بۇخىل سىياسەتنى داۋاملاشتۇرۇپ كەلدى ۋە تۈرلۈك سىياسى، ھەربى ۋە ئىقتىسادى بېسىملار بىلەن بۇ جۇمھۇرىيەتلەرنىڭ تۈركىيەگە يېقىنلىشىشىنى توسۇپ كەلمەكتە. خۇددى سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، روسىيەنىڭ ھازىرقى يېڭى پرېزىدېنتى ۋىلادىمىر پۇتىنمۇ تەختكە چىققان ھامان روسىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تۈركىي جۇمھۇرىيەتلىرىدىكى تەسىرى ۋە نوپۇزىنى قايتىدىن كۈچەيتىدىغانلىقىدىن سۆز ئېچىپ كەلمەكتە. تېگى - تەكتىنى ئېيتقاندا، روسىيە بىلەن خىتاي، تۈركىيەنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەسىرىنىڭ كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، شەرقىي تۈركىستانىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان بۇ رايوندا «پانتۈركىسىزىم» ۋە «پانئىسلامىزىم» ئىدىيەسىنىڭ يامراپ كېتىشىدىن قاتتىق ئەندىشە قىلماقتا. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بىرقانچە يىل بۇرۇن روسىيە بىلەن خىتاينىڭ تەشەببۇسى ئارقىلىق، قازاقىستان، قىرغىزىستان، تاجىكىستان، روسىيە ۋە خىتاينى ئۆز ئىچىگە ئالغان «شاڭخەي ئاڭلاشمىسىغا ئەزا 5 دۆلەت ئىتتىپاقى» قۇرۇلغان ۋە بۇ دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا ئاتالمىش «تېرورىزىم»غا، «رادىكال ئىسلامىزىم»غا قارشى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش ھەققىدە كېلىشىمنامىلار ئىمزالانغان ئىدى. روسىيە بىلەن خىتاينىڭ بۇ «ئىتتىپاق»نى قۇرۇشتىكى مەقسىدىمۇ، بۇ رايونلاردىكى خەلقلەرنىڭ مىللىي ۋە دىنىي تۇيغۇلىرىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىدى.

خىتاينى ئېلىپ ئېيتساق، 50 يىلدىن بۇيان تۈركىيەنى ئىچكى جەھەتتە «دۈشمەن» دەپ قاراپ كەلگەنلىكى ھەممىمىزگە مەلۇم، چۈنكى يىللاردىن بۇيان پۈتۈن تەشۋىقاتلىرىدا تۈركىيەنى «پانتۈركىسىزىمنىڭ ئۇۋىسى» دەپ قارىلاپ كەلمەكتە ۋە تۈركىيە خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ قەلبىدىكى ئوبرازىنى خۇنۇكلەشتۈرۈشكە تىرىشىپ كەلمەكتە.

چۈنكى خىتاي ھاكىمىيىتى «رادىكال ئىسلامچىلىققا، مىللىي بۆلگۈنچىلىككە ۋە تېرورىزىمغا قارشى ئورتاق ھەرىكەت ئېلىپ بېرىش» دېگەن نىقاپ ئاستىدا «شاڭخەي ئاڭلاشمىسىغا ئەزا 5 دۆلەت ئىتتىپاقى»نى قۇرۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا خوشنا بولغان ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ مىللىي ھەرىكەتلىرىنى توسۇش ئۈچۈن موھىم قەدەم تاشلىغان ئىدى. تۈركىيەنى باشتىن - ئاخىر «شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئۇۋىسى» دەپ قاراپ كەلگەن خىتاي ھاكىمىيىتى، ئىككىنچى باسقۇچتا پۈتۈن دىپلوماتىك كۈچىنى تۈركىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈركىيەگە ھەرتۈرلۈك ئىقتىسادى مەنپەئەتلەرنى كۆز - كۆز قىلىپ تۇرۇپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قولى ئارقىلىق تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنى پالتىلاشقا ئورۇنۇپ كەلدى. بۇنىڭ ئالامەتلىرى شۇكى، تۈركىيەنى يىللاردىن بۇيان «جۇڭگونى پارچىلاشقا ئورۇنۇپ كەلگەن پانتۈركىزىمچىلەرنىڭ لاگېرى» دەپ قاراپ كەلگەن ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتە تۈركىيەگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىپ كەلگەن خىتاي ھاكىمىيىتى، كېيىنكى مەزگىللەردە تاكتىكىسىنى ئۆزگەرتىپ، يالغان ھىجىيىپ، دىپلوماتىيە جەھەتتە تۈركىيەگە يېقىنلىشىشقا باشلىدى. ماھىيەتتە بولسا بۇ، خىتاينىڭ تۈركىيەگە قارىتا «ئاغزىمدا كۆلكە - چاق - چاق، قوينۇمدا پالتا - پىچاق» دېگىنىدىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. ئەپسۇسكى، خىتايدىن ئىقتىسادى جەھەتتە نەپ ئېلىشقا ئالدىراپ كەتكەن تۈركىيە ھۆكۈمىتى، 60 مىليون تۈرك خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قېرىنداشلىرىغا بولغان مېھرى - مۇھەببىتىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىپ، خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى ياخشىلاشنىڭ كويىغا چۈشتى. 1995 - يىلدىن ھازىرغا قەدەر تۈركىيەنىڭ پرېزىدېنتى سۇلايمان دېمىرەل، تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ باشلىقى مۇستافا قەلەملى، يىلدىرىم ئاقبۇلۇت، تۈركىيە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى ئىسمايىل جېم، ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى سادېتىن تانتان قاتارلىقلار ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ خىتاينى زىيارەت قىلدى، بۇ مەزگىلدە خىتاينىڭ پارلامېنت باشلىقلىرىدىن چىياۋشى، لى پېڭ ۋە خىتاينىڭ بىرقانچە يۇقۇرى دەرىجىلىك ھەربى ئەمەلدارلىرىمۇ ئارقا - ئارقىدىن تۈركىيەنى زىيارەت قىلدى، بۇيىل 4 - ئايدا بولسا خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن تۈركىيەنى زىيارەت قىلدى. جاڭ زېمىننىڭ بۇقېتىم تۈركىيەگە كېلىشتىكى مەقسىدىمۇ، خۇددى يۇقۇرىدا بايان قىلىنغىنىدەك، تۈركىيە ھۆكۈمىتىدىن تېخىمۇ كۆپرەك سىياسى نەپكە ئېرىشىش ۋە ئاخىرقى ھېساپتا تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مىللى ھەرىكىتىنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

ئەپسۇسكى خىتاي ھۆكۈمىتى، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ تۈركىيەدىن ئىبارەت ئەمەسلىكىنى ۋە تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستاندىكى قان قېرىنداشلىرىغا چوڭقۇر مۇھەببەت باغلىغان 60 مىليون تۈرك خەلقى ياشاۋاتقانلىقىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىۋەتكەن ئىدى.

گەرچە خىتاينىڭ تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى يېقىنقى يىللاردىن بۇيان پەۋقۇلاددە يېقىنلىشىشقا باشلىغان بولسىمۇ، ئەمما تۈركىيە خەلقىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە بولغان قېرىنداشلىق رىشتى ۋە مۇھەببىتى قىلچە تەسىرگە ئۇچرىغىنى يوق، ئەكسىچە بارغانسىرى كۈچەيمەكتە. خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قانچىلىك يېقىنلىشىشىدىن قەتئىينەزەر، ھەرقېتىم شەرقىي تۈركىستاندا زور بىر سىياسى ھادىسە يۈزبەرگەندە، تۈركىيەدە خىتاينىڭ زۇلمىغا قارشى پەۋقۇلاددە زور بىر يوشۇرۇن ئاممىۋى كۈچ ئوتتۇرىغا چىقماقتا ۋە تۈركىيە خەلقىنىڭ خىتايغا قايتۇرغان ئىنكاسى ئەڭ كۈچلۈك بولماقتا. مەسىلەن، «بارىن ئىنقىلاۋى» ۋە «غولجا ۋەقەسى»گە ئوخشاش زور سىياسى ۋەقەلەر يۈزبەرگەندە، تۈركىيەدىكى تۈرلۈك ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە يەرلىك خەلق ئۆزلىگىدىن قوزغىلىپ چىقىپ، تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلار بىلەن بىر سەپتە تۇرۇپ كەلمەكتە، ھەتتا تۈرك مەتبۇئاتلىرىمۇ خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرىغا قارشى ئۆزلىگىدىن مەخسۇس تەشۋىقات كامپانىيەلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، تۈركىيەدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتلار ۋە ئادەتتىكى خەلقنىڭ خىتايغا

قارشى ئىنكاسىغا ئورتاق بولۇپ كەلمەكتە. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ باشقۇرۇشى سىرتىدىكى بۇ غايەت زور كۈچ ، خىتاي ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئۈچۈنمۇ زور بىر سىياسى بېسىمنى پەيدا قىلىپ كەلمەكتە. مەسىلەن، خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن تۈركىيەنى زىيارەت قىلغاندا، جاڭ زېمىنغا تۈركىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن « دۆلەت شەرەپ مېدالى » تاقالغان ئىدى. تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ قىلمىشى تۈركىيە خەلقىنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىدى. تۈركىيەدىكى كۆپلىگەن ئاممىۋى تەشكىلاتلار، پارتىيەلەر ۋە يەرلىك خەلق ئۆزلىگىدىن قوزغىلىپ چىقىپ، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ قىلمىشىغا ۋە جاڭ زېمىننىڭ زىيارىتىگە ئىنتايىن كۈچلۈك ئىنكاس قايتۇردى. گەرچە تۈركىيە ھۆكۈمىتى جاڭ زېمىنغا دۆلەت مېدالى تاقىغان بولسىمۇ، ئەمما ئۇ مېدال ئەمەس، بەلكى يۈرىگىگە سانچىلغان تىكەن ئىدى. جاڭ زېمىننىڭ تۈركىيەنى زىيارەت قىلىشىنىڭ ئالدى - كەينىدە گەرچە تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە يۈزلىگەن خەۋەر - ماقالىلار ئېلان قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇ ماقالىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى قىلمىشلىرى پاش قىلىنغان ۋە تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ خىتاي بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرى ئەيىپلەنگەن تەنقىدى ماقالىلار ئىدى، ھەتتا بۇخىل ماقالىلار تاكى ھازىرغا قەدەر تۈرك مەتبۇئاتلىرىدا ئىزچىل تۈردە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. بۇمۇ خىتاي ئۈچۈن قاتتىق بىر زەربە بولدى. يەنە بىر جەھەتتىن، جاڭ زېمىننىڭ زىيارەتكە كېلىشىنىڭ ھارپىسىدا ۋە زىيارەت مەزگىلىدە، تۈركىيەنىڭ بىرقىسىم مىنىستىرلىرىنىڭ، كۆپلىگەن پارلامېنت ئەزالىرىنىڭ ۋە پارتىيە رەئىسلىرىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى »نىڭ ۋەكىللىرىنى ئەنقەرەدە ئوچۇق - ئاشكارە ھالدا قوبۇل قىلىپ كۆرۈشكەنلىكى ۋە ھەممىسىنىڭلا كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سېلىۋاتقان زۇلۇملىرىنى دادىللىق بىلەن تەكىتلەپ ئۆتكەنلىكىمۇ، سىياسى ۋە دىپلوماتىيە جەھەتتىن خىتاي ئۈچۈن ناھايىتى چوڭ بىر يوقۇتۇش بولۇپ ھېساپلىنىدۇ. بولۇپمۇ جاڭ زېمىننىڭ زىيارىتى مەزگىلىدە كۆپلىگەن پارتىيەلەرنىڭ ۋە ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئۆزلىكىدىن قوزغىلىپ چىقىپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسى ھەققىدە كۈچلۈك بىر جامائەت پىكرى تەشكىل قىلغانلىقى ۋە خىتاي ھاكىمىيىتىنى قاتتىق ئەيىپلەشكە چۈشكەنلىكى، جاڭ زېمىن باشچىلىقىدىكى خىتاي ھەيئىتىنى ئەڭ قاتتىق بىئارام قىلغان ھادىسىلەرنىڭ بىرى. گەرچە خىتاي ھۆكۈمىتى بۇقېتىم تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە ئىقتىسادى جەھەتتىن كۆپلىگەن مەنپەئەتلەرنى ۋەدە قىلىپ، تۈركىيەدىن سىياسى نەپ ئېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، ئەمما جاڭ زېمىنتۈركىيەدىكى 4 كۈنلۈك زىيارىتى جەريانىدا تەرەپ - تەرەپتىن بۇرنىغا يەپ، قۇرۇق مېدالنى تاقاپ قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولدى.

شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتىنىڭ ئۇزۇن زامانلاردىن بۇيان تۈركىيەدە ئىنتايىن چوڭقۇر ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە تۈركىيەدە شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان غايەت زور بىر يوشۇرۇن كۈچنىڭ مەۋجۇتلىقىنى خىتاي ھۆكۈمىتى ياخشى بىلگىنى ئۈچۈن، تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق بۇ يوشۇرۇن كۈچنى ئاجىزلىتىشنىڭ كويىغا چۈشكەن ئىدى، ئەمما خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن تۈركىيە خەلقىنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان ھېسسىيات جەھەتتىن باغلىنىپ كېلىۋاتقان قېرىنداشلىق مېھرىنى ھېچقانداق بىر كۈچنىڭ ئۈزۈپ تاشلىيالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ يېتەلمىگەن ئىدى.

تۈركىيەنىڭ سابىق دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى نامىك كامال زەيبەك ئەپەندىنىڭ ھەرزامان ئېغىزىدىن چۈشۈرمەيدىغان « تۈركىيەدە 60 مىليون تۈرك بار، 60 مىليون ئۇيغۇر بار، 60 مىليون قازاق، 60 مىليون قىرغىزبار » دېگەن بىركەلىمە مەشھۇر سۆزى بار، بۇ، پۈتۈن يەر شارىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ يىلتىزىنىڭ بىر تۇتاش ئىكەنلىكىنى ۋە بىر ئائىلىنىڭ كىشىلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتمەكتە. ئەملىيەتمۇ شۇنى ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇكى، نۆۋەتتە تاشقى دۇنيادا پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ۋە ھەرقايسى ئەللەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنى ماددىي ۋە مەنىۋىي جەھەتتىن ئەڭ كۈچلۈك قوللاپ كېلىۋاتقانلار يەنىلا تۈرك قېرىنداشلار ۋە تۈرك تەشكىلاتلىرىدىن ئىبارەت. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرقىي تۈركىستان خەلقى تۈركىيە ھۆكۈمىتىنىڭ بەزى خاتا قىلمىشلىرىغا قاراپلا ئالدىراپ ئۈمىتسىزلىنىپ كەتمەسلىكى ۋە 60 مىليون تۈرك خەلقىنى نەزىرىدىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك، چۈنكى خىتاينىڭ قورقىۋاتقىنى تۈركىيە ھۆكۈمىتى ئەمەس، بەلكى شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقان 60 مىليون تۈرك خەلقىدىن ئىبارەت. خىتاينىڭ تۈركىيەگە يېقىنلىشىشتىكى تۈپ مەقسىدىمۇ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە تۈركىيەنى ئۇلارنى قوللىمايۋاتقان قىلىپ كۆرسۈتۈش ۋە بۇئارقىلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقىدە تۈركلەرە قارشى ئۆچمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىشتىن ئىبارەت، شۇڭا ئۇيغۇر خەلقى تۈركىيە ھۆكۈمىتى بىلەن خىتاي ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرگە ناھايىتى سوغاققانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشى لازىم. ئۇنۇتمايلىكى، خۇددى نامىك كامال زەيبەك ئەپەندىنىڭ ئېيتقىنىدەك، تۈركىيەدە 60 مىليون تۈرك بار!

( بېشى 8 - بەتتە )

نەپرىتىنى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى نامايان قىلسا، سول بىلىكىگە قىزىل باغلاپ، شۋېت خەلقىغە بولغان دوستلۇقىنى ئىپادىلىدى. بۇ كۆرۈنۈش كىشىلەرنىڭ ۋە مۇخبىرلارنىڭ ئالاھىدە دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىدى. بۇ نامايىش مۆلچەردىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق سىياسى ۋە ئىجتىمائى ئۈنۈم ھاسىل قىلدى. بولۇپمۇ ئامېرىكىنىڭ بىر مۇخبىرى كۆرەش كوسەننى ئالاھىدە زىيارەت قىلىپ، ئۇرغۇن مەسىلىلەرنى سورىدى. ھەتتا نامايىشتىن كېيىنمۇ نۇرغۇن ئاخبارات ئورگانلىرى كۆرەش كوسەننىڭ ئۆيىگە ئالاھىدە تېلېفون ۋە فاكس قىلىپ، ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە مەلۇمات ئالدى.

بۇ نامايىشنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىگى شۇكى، بىر قىسىم دېموكرات خىتاي ۋەكىللىرىمۇ ئاي - يۇلتۇزلۇق بايرىقىمىزنى كۆتۈرۈپ نامايىشقا قاتناشتى. ( ب . 6 - رەسىم )

## شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلار دالاي لامانى كۈتىۋالدى

5 - ئاينىڭ 16 - كۈنى تىبەت خەلقىنىڭ مەشھۇر رەھبىرى دالاي لاما شۋېتسىيەنىڭ پايتەختى ستوكھولمغا كەلدى ۋە شۇ كۈنى ستوكھولم تاشقى سىياسى ئىنستىتوتىدا نۇتۇق سۆزلىدى. بۇ يىغىندا پارلامېنت ئەزالىرىدىن كىنىت ھەشتىرت، راگنىھىلد پوھانكا ۋە تاشقى سىياسى ئىنستىتوت ئەزالىرى، جۈملىدىن « شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتى » رەئىسى فارۇق سادىق ۋە جەمئىيەتنىڭ بىرقىسىم ئەزالىرى قاتناشتى.

دالاي لاما ئۆز نۇتقىدا، تىبەتتە ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىۋاتقان خىتاي ھۆكۈمىتىنى قاتتىق تەنقىت قىلدى. ئۇ مۇنداق دېدى :

بىز ئەركىن ھايات كەچۈرۈشنى، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئۆرپ - ئادەتلىرىمىزنى ۋە دىنىمىزنى ساقلاپ قېلىشنى خالايمىز. بىراق، خىتاي ھۆكۈمىتى بۇنىڭغا ئىمكان بەرمەيۋاتىدۇ، بىز ئەلۋەتتە مەقسىدىمىزگە يېتىمىز، چەتئەلدە بىزگە ھېداشلىق قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سانى كۈندىن - كۈنگە كۆپەيمەكتە... . ئاخىرىدا ئۇ يىغىن قاتناشچىلىرىغا چوڭقۇر مىننەتدارلىغىنى بىلدۈردى.

دالاي لامانىڭ نۇتقى قىزغىن ئالقىشقا سازاۋەر بولدى. ئاندىن شۋېتسىيە دۆلەت مىنىستىرى يونان پەرشۇن ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى گاننالىيند بىلەن ئۇچراشتى. يىغىندىن كېيىن شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئالاھىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. جەمئىيەت رەئىسى فارۇق سادىق ئۇنىڭدىن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئۆز پىكرىنى ئېيتىپ بېرىشنى تەلەپ قىلدى.

دالاي لاما : شەرقىي تۈركىستانىنىڭ تەقدىرى تىبەتنىڭ تەقدىرى بىلەن ئوخشاش، شەرقىي تۈركىستان تاشقى دۇنيادىن تامامەن جۇدا بولغان ھالەتتە ياشىماقتا، خىتاي ھۆكۈمىتى ئىچكىرىدىن كۆپلەپ خىتايلارنى داۋاملىق ھالدا شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكىمەكتە، خىتاي شەرقىي تۈركىستانغا تىبەتكە بەرگەنچىلىك ئەركىنلىكنىمۇ بەرگىنى يوق. ئەمما بىز بۇنىڭغا قاراپ تۇرماي بىرلىكتە ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. مەن تىبەت، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە ھەمكارلىقىنىڭ 60 - يىللاردىن تارتىپ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ ھەمكارلىقنىڭ بۈگۈن ياكى ئەتە ئۈچۈن ئەمەس، مەڭگۈلۈك ئىكەنلىگىنى تەكىتلەپ ئۆتىمەن » دېدى.



( خەۋەرنى ۋە رەسىملەرنى يوللىغۇچى - شۋېتسىيەدىن ئەكبەر ئەخمەت )

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

# شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ پائالىيەتلىرىدىن تەرمىلەر

## شۋېتسىيەدە نورۇز

بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى شۋېتسىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان 100 دىن ئارتۇق ئۇيغۇر بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئەنئەنىۋى مىللى بايرام «نورۇز» نى خاتىرلىدى. خاتىرلەش پائالىيىتىدە ئالدى بىلەن «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللى قۇرۇلتىيى قارمىغىدىكى «شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيتى» نىڭ رەئىسى فارۇق سادىق تەبرىك سۆزى قىلدى. ئارقىدىن شېھىتلىرىمىزگە ئاتاپ خەتمە قۇرئان قىلىندى. نورۇز پائالىيىتىگە تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار بىر ـ بىرلەپ تەبرىك سۆزى قىلىشتى. ئاخىرىدا شۋېتسىيەدە يېڭىدىن قۇرۇلغان «ئۇيغۇر قىزلىرى» ئۇسۇل گۇرۇپپىسى ئۆزلىرىنىڭ نورۇزغا ئاتاپ تەييارلىغان يېڭى نومۇرلىرىنى مېھمانلارغا تەقدىم قىلدى. يەنە داڭلىق ناخشىچى كۈرەش كوسەن ئۆزىنىڭ يېڭى ئىجادىيەتلىرىدىن «كۈرەش ئۆلمەيدۇ» قاتارلىق ناخشىلىرىنى ئورۇنلاپ سورۇن ئەھلىگە زور ئۈمىت ۋە يۇقۇرى كەيپىيات بېغىشلىدى.

## «شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيتى» نىڭ يىللىق يىغىنى چاقىرىلدى



بۇ يىل 3 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيتىنىڭ يىللىق خۇلاسە يىغىنى ئۆتكۈزۈلدى. يىغىندا، بۇ جەمئىيەتنىڭ رەئىسى فارۇق سادىق تەشكىلاتنىڭ بىر يىللىق خىزمەتلىرىدىن دوكلات بەردى. تەشكىلاتنىڭ مالىيە مەسئۇلى ئابدۇمجىت ساۋۇت جەمئىيەتنىڭ بىر يىللىق كىرىم ـ چىقىمىنى دوكلات قىلدى. يىغىندا يەنە كېيىنكى بىر يىللىق خىزمەت پىلانى قاراپ چىقىلدى ۋە قارارلاشتۇرۇلدى. بۇ يىغىنغا يەنە «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ رەئىسى كۈرەش كوسەن كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى ۋە جەمئىيەتنىڭ پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ جانلاندۇرۇش ئۈچۈن ياخشى پىكىرلەرنى بەردى.

## شۋېتسىيەدە «ئۇيغۇر قىزلىرى ئۇسۇل گۇرۇپپىسى»



بۇ يىل 4 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى «شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيتى» قارمىغىدا يېڭىدىن قۇرۇلغان «ئۇيغۇر قىزلىرى» ئۇسۇل گۇرۇپپىسى شۋېتسىيە تۈرك مەدەنىيەت جەمئىيتى تەشكىلاتىنىڭ چوڭ تىپتىكى كانسېرتىغا قاتنىشىپ، ئۇيغۇرچە ناخشا ـ ئۇسۇل نومۇرلىرىنى ئورۇنداپ بېرىپ، كەڭ تۈرك جامائىتىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. (ب . 3 ـ رەسىم)

## شۋېتسىيەدە خىتايغا قارشى نامايىش

يېقىندا «شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمئىيتى» بىلەن «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ تەشكىللىشىدە شۋېتسىيەدىكى ئۇيغۇرلار زور كۆلەملىك بىرلەشمە نامايىشقا قاتناشتى.




شۋېتسىيەدە ھەر يىلى تۈرلۈك پارتىيە ۋە تەشكىلاتلار تەرىپىدىن «ئەركىنلىك ۋە ھەققانىيەت» دېگەن تېمىدا چوڭ نامايىش ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ خىل نامايىشقا ئاز دېگەندە 10 مىڭچە ئادەم قاتنىشىدۇ. نامايىشچىلار بىر نوقتىدىن يەنە بىر نوقتىغا 3 كىلومېتىر يول يۈرۈپ، ئاخىرىدا چوڭ يىغىن بىلەن تاماملىنىدۇ. نامايىش مەزگىلىدە پۈتۈن قاتناش توختاپ، شەھەر خەلقى چوڭ يولنىڭ ئىككى يېقىغا ئۆتۈپ، نامايىش قوشۇنىنى كۆرىدۇ. مانا شۇنداق ئادەم دېڭىزى ئىچىدە ئۇيغۇر نامايىشچىلىرى ئالاھىدە دىققەت قوزغىدى. بولۇپمۇ شۋېتچە يېزىلغان «شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسى مەھبۇسلار قويۇپ بېرىلسۇن!»، «رابىيە قادىر قويۇپ بېرىلسۇن!» دېگەن شۇئارلار يەرلىك خەلقنىڭ ۋە مۇخبىرلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. بۇ، ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقىمىزنىڭ شۋېتسىيەنىڭ ھەشەمەتلىك كوچىلىرىدا 2 ـ قېتىم جەۋلان قىلىشى.

## ياشلار قۇرۇلتىيىدىن خىتايغا قارشى نامايىش




بۇ يىل 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى «دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ رەئىسى كۈرەش كوسەن ۋە بىرقىسىم ئەزالارنىڭ تەشكىللىشىدە، خىتاي ـ شۋېتسىيە دىپلوماتىك مۇناسىۋىتىنىڭ 50 يىللىق خاتىرە كۈنىدە، «بۈگۈن بايرام ـ بۈگۈن ماتەم» دېگەن تېمىدا نامايىش ئۆتكۈزۈش ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرى تارقىتىش پائالىيىتى ئۆتكۈزدى. نامايىشچىلار ئوڭ بىلىكىگە ئاق باغلاپ، خىتايغا بولغان غەزەپ ـ

---

گېزىتىنىڭ ساھىبى قۇرۇلتاي نامىدىن:
ئەنۋەرجان
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممەدى
تەھرىرلەر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
ئۇيغۇر ئەزىزى
مونتاژ: ئۆمەرجان شاھيارى
كورېكتور: ئۇچقۇن قەشقىرى

تەھرىرھەيئەت ئەزالىرى:
ھاجى ياقۇپ (تۈركىيە)
ئابلىكىم باقى (تۈركىيە)
سىدىقھاجى روزى (ئامېرىكا)
ئەخمەت ئىگەمبەردى (ئاۋستىرالىيە)
سېيىتجان قەيسەر (ئۆزبېكىستان)
توختاخۇن ئەركىن (سەئۇدى ئەرەبىستان)
ئەسقەرجان (گېرمانىيە)
قەھرىمان غوجامبەردى

گېزىتىمىزدە ئېلان قىلىنغان ماقالىلارنىڭ مەۋقەسى ئاپتورلىرىمىزغا ئائىتتۇر، گېزىتىمىزگە ئەۋەتىلگەن ماقالىلار قايتۇرۇلمايدۇ، ۋەتەن ھەققىدىكى مۇھىم ئاخبارات ـ ئۇچۇرلارغا مۇۋاپىق ھەق بېرىلىدۇ.

ياردەم بېرىشنى خالىغان ۋەتەنداشلىرىمىز ئۈچۈن بانكا ھېساپ نۇمۇرىمىز:
Ostturkistanische
Union in Europa e.V
HypoVereinsbank
Konto Nr:
43728446
BLZ:70020270

ئادرېسىمىز:
Ostturkistanischer
(Uigurischer)
National Kongress
Landwehrstr. 17
80336 Munchen
Germany
Tel:
0049 89 55 86 99 86
178 35 25
Fax:
0049 89 55 86 99 87
178 35 25

«شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللي قۇرۇلتىيى» نەشر قىلدى



# ئىستىقلال

2000 ـ يىلى 6 ـ ئاي

11 ـ سان

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئورگان گېزىتى

قوش ھەپتىلىك

سىياسىي ـ ئىلمىي گېزىت


## « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى



ئۆز خەۋىرىمىز: يۇيىل 6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ گېرمانىيە شۆبىسى مىيونخېن شەھرىدە ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزۈپ، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرىدىن شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي، ئىجتىمائىي ۋەزىيىتى ۋە چەتئەللەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە ئومومىيۈزلۈك مەلۇمات ئالدى.

( داۋامى 2 ـ بەتتە )

## ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلار تەشكىلاتلىنىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە

( تولۇق تېكىستى 3 ـ بەتتە )



### دالاي لاما كىلىنتون بىلەن كۆرۈشتى،

## قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان دالاي لاماغا مەكتۇپ يوللىدى

( تېكىستى 5 ـ بەتتە )

## ئۇيغۇر ۋەكىللىرى گېرمانىيەدىكى 40 مىڭ كىشىلىك پۇتبول مەيدانىدا بايراق كۆتۈرۈپ پاراتتىن ئۆتتى







« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

# خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ئۇيغۇرلار مەسىلىسى ھەققىدە مەخسۇس سۆھبەت يىغىنى ئۆتكۈزدى



( بېشى 1 - بەتتە )

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى گېرمانىيە شۆبىسى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى دېرىك پىلايتېر ئەپەندىنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى سۆھبەت يىغىنىغا، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ گېرمانىيەنىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدە تۇرۇشلۇق تارماق شۆبە تەشكىلاتلىرىنىڭ 30 غا يېقىن مەسئۇلى ئىشتىراك قىلغاندىن سىرت، ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجان، قۇرۇلتاي تەشۋىقات - تەتقىقات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇلى ۋە « ئىستىقلال » گېزىتىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى پەرھات مۇھەممەدىلەر ئالاھىدە تەكلىپ قىلىندى. ئۇندىن باشقا يەنە، يېقىندا گېرمانىيەگە سىياسىي پاناھلىق تىلەش ئۈچۈن كەلگەن ۋە ھازىرچە ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بىر نەپەر ئۇيغۇرمۇ بۇقېتىمقى يىغىنغا شەرقىي تۈركىستاندىكى سىياسىي ھادىسىلەر ۋە غۇلجا ۋەقەسىدىن بۇيانقى ئىلى رايونىنىڭ ۋەزىيىتى ھەققىدە گۇۋالىق بېرىشكە دەۋەت قىلىندى.

بۇقېتىمقى يىغىندا ئالدى بىلەن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى گېرمانىيە شۆبىسى خىتاي ئىشلىرى بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دېرىك پىلايتېر ئەپەندى سۆز قىلىپ، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان خىتاينىڭ كونتروللىقى ئاستىدىكى مىللىي رايونلاردا يەرلىك خەلقلەرنىڭ ئىنسانى ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋاللىرىنىڭ كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستان رايونىدا ئۇيغۇرلارغا قارىتىلغان سىياسىي بېسىمنىڭ بارغانسىرى كۈچىيىۋاتقانلىقىنى، خىتاي تېررىتورىيەسى ئىچىدە ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىش ئەھۋالىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئەڭ گەۋدىلىك بولۇۋاتقانلىقىنى، ئۇيغۇر رايونىنىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەپلىك خەۋەردار بولۇش مەقسىتىدە، ئۇيغۇرلار ھەققىدە بۈگۈنكى مەخسۇس سۆھبەت يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرغانلىقىنى ئالاھىدە ئەسكەرتتى ۋە ئارقىدىن قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجاننى سۆزگە تەكلىپ قىلدى.

ئەسقەرجان يىغىندا قىلغان سۆزىدە، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقانلىقىغا ۋە ئۆتكەن يىلى ئۇيغۇرلار ھەققىدە مەخسۇس 92 بەتلىك دوكلات ھازىرلاپ ئېلان قىلغانلىقىغا ئالاھىدە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى ۋە يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاب بەردى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋەكىللىرىنىڭ سوئاللىرى، چەتئەللەردىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئەھۋالى، ۋەتەن ئىچىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئاساسلىق ئارزۇ - ئىستەك ۋە غايىلىرى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي، مەدەنىيەت - مائارىپ ... ۋە باشقا تۈرلۈك ساھەلەردىكى ئەھۋاللىرى قاتارلىق ناھايىتى كەڭ دائىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالدى.

يىغىندا يەنە خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ تەكلىۋىگە بىنائەن، 1997 - يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسىگە بىۋاستە قاتنىشىپ، پۈتۈن ئائىلىسى بويىچە خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ تۈرلۈك زىيانكەشلىكلىرىگە ئۇچرىغان ۋە يېقىندا گېرمانىيەگە كېلىپ سىياسىي پاناھلىق تىلىگەن مەلۇم بىر ئۇيغۇر، ئۆزىنىڭ سىياسىي كەچۈرمىشلىرى ۋە غۇلجا ۋەقەسىدىن بۇيانقى ئىلى رايونىنىڭ ئومۇمىي سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە تەپسىلىي مەلۇمات بەردى ۋە يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى.

ھازىرچە ئىسمىنى ئاشكارىلاشنى خالىمىغان بۇ شەخس يىغىندا قىلغان سۆزىدە، ئۆزىنىڭ بىر ئىنىسىنىڭ ۋە ئايالىنىڭ 3 ئىنىسىنىڭ غۇلجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن قولغا ئېلىنىپ ھازىرغا قەدەر تۈرمىدە يېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئالدىنىڭ 18 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى، ئايالىنىڭ بىر ئىنىسىنىڭ تۈرمىدە قاتتىق قىيىن - قىستاق دەستىدىن ئېغىر كېسەلگە گىرىپتار بولغانلىقىنى، ئۇنىڭ بەدىنىنىڭ تۈرمىدە خىتاي ساقچىلىرى تەرىپىدىن كۆيدۈرۈلگەنلىكىنى، ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئېغى قانۇنى يېشىغا تولمىغان 16 ياشلىق بىر ئىنىسىنىمۇ تۇتۇپ تۈرمىگە تاشلىغانلىقىنى ۋە ھازىرغىچە قويۇپ بەرمىگەنلىكىنى بايان قىلدى.

بۇ شەخس، 1997 - يىلىدىكى غۇلجا ۋەقەسىدىن بۇيانقى ئىلى رايونىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ھەققىدە توختىلىپ، غۇلجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن قولغا ئېلىنغان ۋە ئۆلۈم جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنغان ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلە - تاۋاباتلىرىنىڭ خىتاي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئېغىر كەمسىتىشكە ۋە سىياسىي - ئىقتىسادىي جەھەتتىن زەربە بېرىشكە ئۇچراۋاتقانلىقىنى، ھەتتا خىتاي ھۆكۈمىتى بۇ ۋەقەدە ئۆلۈم جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ تېرىلغۇ يېرىنى ۋە باغ - ۋارانلىرىنى تارتىۋېلىپ ياكى نابۇت قىلىپ، بۇ ئائىلىلەرنى ياشىيالماس ھالغا چۈشۈرۈپ قويغانلىقىنى، ئۇلارغا ياردەم قىلغان ئۇيغۇرلارنى بولسا، « مىللىي بۆلگۈنچىلەرنىڭ ئائىلىسىگە ياردەم قىلدىڭ » دەپ زەربە بېرىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا، غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن غۇلجا شەھرىدە ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ئىشسىزلىق نىسبىتىنىڭ ئېشىپ كەتكەنلىكىنى، غۇلجا ۋەقەسى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆلۈم جازاسىغا ۋە قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنغان كۆپلىگەن كىشىلەرنىڭ بالا - چاقىلىرىنىڭ كوچا - كويلاردا تىلەمچىلىك قىلىپ ھايات كەچۈرۈشكە مەجبۇر قىلىنىۋاتقانلىقىنى، غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئىلى رايونىغا چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ كىرىشىنى چەكلىگەنلىكىنى، چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان بەزى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېغىر جازالارغا ھۆكۈم قىلىنىۋاتقانلىقىنى، مەسىلەن، غۇلجا شەھرىدە ئەنگلىيەنىڭ « BBC » رادىيوسىنىڭ مۇخبىرىغا سۆز قىلغان بىرقانچە ئۇيغۇر ياشنىڭ نەچچە 10 يىللىق ئېغىر قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغانلىقىنى تەكىتلەپ ئۆتتى.

ئۇ يەنە ئۆز سۆزىدە، غۇلجا ۋەقەسىدىن كېيىن، غۇلجا شەھرىنىڭ جەمئىيەت ئامانلىقىنىڭ ئىنتايىن ناچارلىشىپ كەتكەنلىكىنى، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئاستىرتتىن قۇترىتىشى بىلەن خىتاي كۆچمەنلىرىنىڭ ۋە قوراللىق ساقچى قىسىملىرىنىڭ كېچىدە توپ - توپ بولۇۋېلىپ ئۇيغۇرلارنىڭ ئالدىنى توسىۋېلىپ ئۇر - ئۇر قىلىدىغان ئەھۋاللارنىڭ ئومۇملىشىپ قالغانلىقىنى، ئۆزىنىڭمۇ كۆپ - كۈندۈزدە غۇلجا شەھەرلىك پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا بىرتوپ خىتاي ژاندارمىلىرىنىڭ كوللېكتىپ ئۇر - ئۇر قىلىشىغا ئۇچراپ ئېغىر دەرىجىدە يارىلانغانلىقىنى ۋە تاياق زەربىسىدە پۈتۈن چىشلىرىنىڭ تۆكۈلگەنلىكىنى، ۋەقە جەريانىدا ھەتتا بەزى ئۇيغۇر ساقچىلار كېلىپ خىتاي ئەسكەرلىرىنى توسسىمۇ، ئەمما ئۇلار ئۇيغۇر ساقچىلارنىڭ كېنىشكىسىنى يەرگە چۆرۈۋېتىپ، ئۇنى ئۇرۇشنى يەنە داۋاملاشتۇرغانلىقىنى، ۋەقەدىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ناھەق ھالدا تاياق يېگەنلىكىنى شىكايەت قىلىپ كۆپلىگەن قانۇن ئورۇنلىرىغا بارغان بولسىمۇ، ئەمما قانۇن ئورۇنلىرىنىڭ جاۋابكارلارنى تېپىپ جازالاش ئۇياقتا

## دالاي لاما كېلىنتون بىلەن كۆرۈشتى،

# قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان دالاي لاماغا مەكتۇپ يوللىدى

ئۆز خەۋىرىمىز: نۆۋەتتە ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىۋاتقان تىبەتلىكلەرنىڭ دىنىي داھىيسى دالاي لاما، 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئاقسارايدا ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بىل كېلىنتون بىلەن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ۋە ئاۋام پالاتاسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ۋەكىللەر، ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىدىكى مەسئۇل ئەرباپلار بىلەن ئايرىم - ئايرىم ھالدا كۆرۈشتى.

چەتئەل ئاخبارات ئاگېنتلىقلىرىنىڭ خەۋىرىگە قارىغاندا، دالاي لامانىڭ بۇقېتىم ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىشتىكى ئاساسىي مەقسىدى، ختاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىن بىلەن دالاي لاما ئوتتۇرىسىدىكى سۆھبەتنى ئىشقا ئاشۇرۇش مەسىلىسى ھەققىدە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى بىلەن مۇزاكىرە ئېلىپ بېرىش ۋە تىبەت بىلەن ئامېرىكىنىڭ ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈشتىن ئىبارەت.

دالاي لاما 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدىكى كېڭەش پالاتاسى بىلەن ئاۋام پالاتاسىدىكى مۇناسىۋەتلىك ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزدى. دالاي لاما يەنە ئامېرىكا تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ تىبەت ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرغۇچى ئەمەلدارى بىلەن ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسىدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ، ختاي ھۆكۈمىتى دالاي لاما - جاڭ زېمىن سۆھبىتىگە كۆندۈرۈش مەسىلىسىنى مۇزاكىرە قىلدى. شۇكۈنى چۈشتىن كېيىن، ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بىل. كېلىنتون دالاي لاما بىلەن ئاقسارايدا كۆرۈشتى. يېرىم سائەت داۋام قىلغان ئىككى تەرەپ سۆھبىتىدە، ختاي - تىبەت تېنچلىق سۆھبىتىنى ئىلگىرى سۈرۈش مەسىلىسى ئۇختۇلۇق ھالدا مۇزاكىرە قىلىندى.

بۇقېتىمقى سۆھبەتتىن بۇرۇن، ئامېرىكىدىكى «تىبەتنى ھىمايە قىلىش جەمىيتى» نىڭ رەئىسى جون ئەپەندى مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، «دلاي لاما بۇقېتىم پىرېزىدېنت كېلىنتون بىلەن كۆرۈشكەندە، ختاي كومپارتىيەسىنىڭ چېگىخەيدە تىبەتلىكلەر ئولتۇراقلاشقان دولاڭ ناھيەسىگە ختاي كۆچمەنلىرىنى يۆتكەش پىلانىغا دۇنيا بانكىسىنىڭ قەرز پۇل بېرىۋاتلىق مەسىلىسى ئۈستىدە توختۇلىدۇ، ختاي كۆچمەنلىرىنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كېلىۋاتقانلار يالغۇز تىبەتلىكلەرلا ئەمەس، بەلكى ئۇيغۇر ۋە موڭغۇللارمۇ بار، شۇڭا، دالاي لاما بۇقېتىم كېلىنتون بىلەن كۆرۈشكەندە، تىبەت مەسىلىسى بىلەن بىرگە بەنە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇشى مۇمكىن» دېدى.

ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بىل. كېلىنتون تىبەتلىكلەرنىڭ دىنىي داھىسى دالاي لامانى قوبۇل قىلىشتىن بىركۈن بۇرۇن، يەنى 6 - ئاينىڭ 19 - كۈنى، مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ ميونخىن شەھرىدىكى «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى» نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجان دالاي لاماغا ئالاھىدە مەكتۇپ يوللاپ، بۇقېتىم ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بىل. كېلىنتون بىلەن كۆرۈشكەندە، تىبەت مەسىلىسى بىلەن بىرگە، تىبەتلىكلەر بىلەن تەقدىرداش بولغان ئۇيغۇرلار ۋە باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر مەسىلىسىنىمۇ باراۋەر تىلغا ئالىدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

ئەنۋەرجاننىڭ قۇرۇلتاي نامىدىن دالاي لاماغا يوللىغان مەكتۇبىدا قىسقىچە مۇنداق دېيىلىدۇ:

«جانابىڭىزنىڭ بۇ قېتىم دۇنيانىڭ ئەڭ دېموكراتىك، ئەڭ قۇدرەتلىك دۆلىتىنىڭ پىرېزىدېنتى بىلەن ئۇچرۇشۇشىڭىزنىڭ، تىبەتلىك قېرىنداشلىرىمىز، شۇنداقلا ختاي كوممۇنىستىك مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان بىز ئۇيغۇر ۋە باشقا خەلقلەرنىڭ ھال - ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىغا پايدىلىق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز. بىز، جانابىڭىزنىڭ ھازىرغا قەدەر كۆپلىگەن دۆلەتلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچراشقاندا، تىبەت مەسىلىسىگە قوشۇپ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەقدىرى مەسىلىسىنىمۇ بىرگە تەكىتلەپ كېلىۋاتقانلىقىڭىزنى مەمنۇنىيەت بىلەن كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز ۋە بۇ مۇناسىۋەت بىلەن سىزگە ئالاھىدە مىننەتدارلىقىمىزنى ئىزھار قىلىمىز. جانابىڭىزنىڭ بۇ قېتىم ئامېرىكا پىرېزىدېنتى بىل. كېلىنتون بىلەن ئۇچراشقاندا، زۇلۇم ئاستىدىكى خەلقلىرىمىزنىڭ مۇشتەرەك دەردىنى يەنە بىرقېتىم تىلغا ئېلىپ ئۆتىدىغانلىقىڭىزغا ئىشەنچىمىز كامىل».

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، مەشھۇر ئۇيغۇر سىياسىيون ۋە «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» نىڭ رەئىسى ئەركىن ئالىپتېكىنمۇ 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنى ئامېرىكا «ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى» نىڭ زىيارىتىنى قوۋۇل قىلغاندا، دالاي لامانىڭ ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن ئۇچۇراشقاندا، تىبەت مەسىلىسى بىلەن بىرگە، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىمۇ ئىزچىل تۈردە تەكىتلەپ كېلىۋاتقانلىقىنى، دالاي لاما بۇقېتىم ئامېرىكىنى زىيارەت قىلىش ھارپىسىدا، ئۆزىنىڭ بەزى تىبەت مەسئۇللىرى بىلەن ئۇچرۇشۇپ، دالاي لامادىن ئامېرىكا پىرېزىدېنتى كېلىنتون بىلەن كۆرۈشكەندە، تىبەت مەسىلىسىگە قوشۇپ شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىمۇ يەنە بىرقېتىم تىلغا ئېلىشىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكنى تەلەپ قىلغانلىقىنى بايان قىلدى.

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، يىللاردىن بۇيان چەتئەللەردە كوممۇنىست ختاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەت قىلىپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە تەشكىلاتلىرى، «3 تەرەپ خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى» نى قۇرۇپ چىقىپ، خەلقئارا سىياسى سەھنىلەردە كوممۇنىست ختاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ئورتاق ھەرىكەت قىلىپ كەلمەكتە ۋە بىر - بىرلىرىنىڭ مىللىي ھەرىكەتلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەپ كەلمەكتە.

مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان گېزىتىمىزنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغاندا، «3 تەرەپ خەلقلىرى بىرلەشمە كومىتېتى» نىڭ قۇرۇلۇش جەريانى ۋە ياۋروپادىكى پائالىيەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىپ مۇنداق دېدى:

«تىبەتلىكلەر بىلەن بولغان تارىخىي يېقىنلىقىمىز ۋە ھازىرقى تەقدىرداشلىقىمىز، مىللىي رەھبەرلىرىمىزنى ھەم ئۆزئارا بىرلىكتە بىرلىكتە ئىشلەشكە تەشۋىق قىلغان. چۈنكى مىللىي رەھبەرلىرىمىزدىن مەرھۇم مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ۋە ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىن ئەپەندىلەر 1960 - يىلى 14 - ئاپرىل كۈنى ھىندىستاندا تىبەت خەلقىنىڭ دىنىي داھىسى دالاي لاما بىلەن تۇنجى قېتىم ئۇچراشقاندا، خەلقئارا سەھنىلەردە ئۆزئارا ئىتتىپاق تەشكىل قىلىش ئىمكانىيەتلىرىنى مۇزاكىرە قىلغان ئىدى. كېيىنچە، يەنى 1970 - يىلى ئەيسا ئەپەندى ھىندىستاننىڭ دارىسسالام رايونىدا دالاس لامانى زىيارەت قىلغاندا ۋە 1983 - يىلى دالاي لاما ئەيسا ئەپەندىنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن ئىستانبۇلغان كەلگەندە، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى يولغا قويۇش مەسىلىسىنى يەنە بىرقېتىم كەڭ كۆلەمدە مۇزاكىرە قىلغان ئىدى. نەتىجىدە 1985 - يىلى 14 - ئىيون كۈنى شىۋىتسارىيەنىڭ زۈرىخ شەھرىدە چاقىرىلغان بىر

(داۋامى 7 - بەتتە)



قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان تىبەت ۋەكىللىرى لودى كىرى ۋە بۇچۇڭ سىرىڭلار بىلەن بىرگە

# شېئىرىيەت گۈلزارى

## ئۇيغۇرغا بارمۇ بىر دىلداش ئىنسان؟

مەھمۇت ئەكرەم (ئۆزبېكىستان)

ئۇيغۇر ئېلىدە ھۆكۈمران جاللات،
ئۆلۈمگە مەھكۇم كىم كۆتەرسە باش.
كېلەچىگىدىن ئۈمىتسىز ئەۋلات،
ئازاپ چەكمەكتە بارچە قېرى - ياش.

بۇلدى خىتايلار گۈزەل ئەلنى،
قىرىپ يوقۇتۇپ ئۇيغۇر نەسلىنى.
تۇردۇق بىز، مەھكەم باغلىدۇق بەلنى،
مەقسىدىمىز ئىستىقلال تىكتۇق جاننى.

ئاقتى كۆز ياش مۇجۇلۇپ يۈرەك،
دەھشەت قىرغىندىن تۆكۈلگەچكە قان.
بار ۋۇجۇتلارنى قاپلىدى تىترەك،
قەھرۇ - غەزەپتىن پىغانلار تاشقان...

ئادالەتمۇ بۇ — جان پىدا قىلىپ،
ئۆز ئەركى ئۈچۈن كۈرەشكەن ئىنسان.
« بۆلگۈنچى » ، « تېرورىست » دەپ ئاتىلىپ،
مىڭلاپ قامىلىپ، ناھەق تۆكسە قان.

زالىم زۇلمىدىن قانلار تۆكۈلدى،
پىغان چېكىشتىن باشقا يوق ئىمكان.
ئەلەم - ھەسرەتتىن بەللەر پۈكۈلدى،
ئۇيغۇرغا بارمۇ بىر دىلداش ئىنسان.

قان يۇتۇپ ئۇيغۇر بولۇۋاتسا غەرق،
قول ئۇزاتماستىن ھۆكۈمران بەكلەش،
كىم دوست، كىم دۈشمەن، قىلماس ھېچ پەرق،
بۇ قانداق قىسمەت، بۇ قانداق چەكلەش.

ئۇيغۇرنىڭ دۈشمىنى سېنىڭ دۈشمىنىڭ،
چۈنكى بىز تۇرساق ئەسلى قېرىنداش.
نە ئۈچ بۈگۈن سەن ئۇيغۇرغا ئەجەپ،
ياۋنى دوست تۇتتۇڭ، بىزگە ئېتىپ تاش.

كۈتمىگەن ئۇيغۇر خەيرى ۋە ئېھسان،
كۈتكەن ئىدى پەقەت دوستلۇق ئەھدىنى.
باشقا كۈن چۈشكەندىلا بىلەركەن ئىنسان،
سادىق، ۋاپادار دوستنىڭ قەدرىنى.

ياۋ قەبىھ، ياۋۇز، ئاچكۆز، ھىلىگەر،
بىلگىن بۇلاشتىن ھەرگىز يانمايدۇ.
بىرلىشىپ ئالدىن توسمىساڭ ئەگەر
بىر - بىرلەپ يۇتۇپ، قىرىپ قويمايدۇ.

ئۇيغۇر بېشىغا چۈشكەن بۇ كۈلپەت،
دوستلار بېشىغا چۈشمىسۇن ئەسلا.
دوستلار ھۆرلىكى ئۇيغۇرغا مەدەت،
ھۆرلۈك مەشئىلى ئۆچمىسۇن ئەسلا.

زالىم زۇلمىدىن يۇرت بولدى زىندان،
يۆلەكسىز ئەلنى ياۋ قىلدى يەكسان.
ئازاپ زۇلۇمدىن قايندى ۋىجدان،
ئۇيغۇرغا بارمۇ بىر دىلداش ئىنسان.

## ...گە

ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر ( تۈركىيە )

ئەسلىڭ ئۇيغۇر، پاك ئىدىڭسەن پاك پېتىڭچە كەتمىدىڭ،
پاك قەلبىدە پاك مۇھەببەت، پاك قەدرىگە يەتمىدىڭ.

ئالى مەنسەپ سايىسىدا گېدىيىپ، ئەقلىڭ ئېزىپ،
كىملەر ئۆزۈ كىم ساڭا يات، بۇنى ھېچ پەرق ئەتمىدىڭ.

دىنى، تىلى ھەم دىلى يات، ئەسلى ئەسلا ئەلگە يات،
خەلقىڭ سۆيمەس ياتنى سۆيدۈڭ ئۆز نەسلىڭدىن چەتنىدىڭ.

مىللىتىڭنى يەر قىلدىڭسەن ئەلگە ياتنى ئەر قىلدىڭ،
ھايا - ئىماندىن ئەسەر يوق قەلبى رەسۋا سەتمىدىڭ.

ئاتاڭ ساتتى ئېلىنى، مەنسەپنى دەپ ۋىجداننى،
سەنمۇ دۇنياغا ئاتاڭدەك قول بولۇشقا كەپىدىڭ.

گەر ئۆلۈپ « گۆئەنسەي » دە ياتساڭ كىم ساڭا قۇرئان ئوقۇر،
ئاقىبەت تەقدىرنى ئويلاپ، سەن تېگىگە يەتمىدىڭ.

ئىپارخان ھەم نوزۇگۇمنىڭ روھىمۇ لەنەت ئوقۇر،
بۇ قاباھەت قىلمىشىڭنى ھېچكىم سەزمەس دەپىدىڭ.

گۆئەنسەي — خىتايلارنىڭ جەسەت ساندۇغى

## ھەممىدىن نېمە يامان؟

يۇنۇسوۋا پاتىمە

ئىنسان ئۈچۈن دۇنيادا ھەممىدىن نېمە يامان ؟
ئاڭلا ھەم قىل تەپەككۇر پىكرىمنى ئەيلەي بايان !
جاھالەتتە غەپلەتتە ئارقىدا قالغان يامان ،
بىرلىشەلمەي چېچىلىپ ھەريان تارقالغان يامان .
توقلۇقتىن بۇزۇپ چاچقان ، ئەلزارى شوخلۇق يامان ،
مال - دۇنيادىن ئايرىلغان ، ئاچ - زار يوقلۇق يامان .
ئۆز ھالىغا باقماستىن ئۆزگىدىن كۈلگەن يامان ،
مۇرات - مەقسىدىگە يەتمەي ياش تۇرۇپ ئۆلگەن يامان .
ئاقىل - دانا دۈشمەندىن ، دۆت - نادان ئۈلپەت يامان ،
يار ۋاپاسىز بولسا گەر ، مېھرىدىن كۈلپەت يامان .
خىيانەتچى ، ھەسەتخور ، ئاچكۆز قارادىل يامان ،
دوستلار ئارا بۇزغۇنچى ، پىتنە - پاسات تىل يامان .
ئاق كۆڭۈل پاك تۇغۇلۇپ ، چوڭ بولۇپ ئازغان يامان ،
مەنسەپ ئابروي پۇلنى دەپ ، دوستقا گۆر قازغان يامان .
بىر ئۆزىنى ئويلىغان - ئەقلى پەست ئالىم يامان ،
ئەل قاخشىغان ئەقلى پەست دىلى نەس زالىم يامان .
ئاتا - ئانا قېرىنداش ، ئەلدىن ئايرىلغان يامان ،
كور بولۇپ ، تىلدىن قېلىپ ، بەلدىن ئايرىلغان يامان .

## ئاھ! ۋەتەن دەيمەن

( ناخشا )

قېيۇم موھىددىن ( ئۆزبەكىستان )

ئانامغا ئاش بەر دەيتتىم،
دادامغا نان بەر دەيتتىم.
باللىقىمدا بىلمەپتىم،
ۋەتەن قەدرىڭگە يەتتىم.

يۈرۈگۈم كۆيۈك مانا،
ماڭا بارمىكىن پانا.
ئاھ! ۋەتەن سەنسىزمەن،
قانداق ياشايمەن يانا.

كۆزۈم ئوچۇق تىرىكلىكىمدە،
ۋەتەننى كۆرسەم دەيمەن.
شۇ ياۋۇز دۈشمەن بىلەن،
كۆرەش قىلىپ ئۆلسەم دەيمەن.

## ئۇيغۇر قىزىغا

ئۇيغۇر ئەزىزى

ئەمەسمەن مەجنۇن، تاقلايدىغان شاقچى قۇش،
بولساڭ گۈزەل سۆيىدۇم دەپلا ئەگىيدىغان.
ئەمەس مېنىڭ سۆيمەكلىكىم ئۇيغۇر قىزى،
ئىشقى - پىراق دەپلا يۈرسەڭ ئېرىيدىغان.

ئەگەر بولساڭ سەنمۇ جەڭچى ئۇيغۇر ئۈچۈن،
كىرىپ كەلسەڭ كۈرەشلەرگە « نوزۇگۇم »
بولۇپ.
بولسا ئازات « ئۇيغۇرىستان » خەلقىمىز ھۆر،
سۆيەر ئىدىم سېنى جاندىن ئەزىز بىلىپ.

ئىلتىماسىم ئۇيغۇر قىزى ئاڭلا سۆزۈم،
قۇرۇلمىسۇن روھى بۈگۈن « نوزۇگۇم » نىڭ.
يېپىشايلى قول تۇتۇشۇپ كۈرەشكە مەھكەم،
ئىگىسى سەنلا شۇندا سۆيسەڭ يۈرىگىمنىڭ.

2000 - يىلى ماي

گېلىڭنى كۆزەتكىن، بولما پەسكەش ئەر،
دەپ گالنى كىشىگە قول بولما پېتەر.
تولا كۆردۈم ئەمدى ئەزىز كىشىلەر،
گېلىنى يىغلاي بولۇپ كەتتى يەر.
گېلىڭغا ئەسىر بولما، ئى نەپسى چوڭ،
ئەسىر بولساڭ جېپىلىس قۇتۇلۇش يولۇڭ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# ئىسلام ئەخلاقىنى ھەقىقى ئىگەللەيلى !

داموللا، خەلپەت، قارى، سوفى، ئىشانلىرىمىز، بولۇپمۇ ئىمام ۋە خاتىپلىرىمىز خۇتبىلەردە، خەلق ئاممىسىغا ئاڭلىتىپ كېلىۋاتقان دىنىي تەشۋىقاتلىرى ۋە تەلىم - تەربىيەلىرىدە، ئىسلام ئەھلىگە يەتكۈزگەن پايدا - مەنپەئەتلىرى بىلەن بىللە يەنە زىيان - زەخمەتلىرىمۇ بارمۇ - يوق؟ بۇ مەسىلىنى ھەقىقى ۋىجدانىمىز بىلەن مۇلاھىزە قىلىشىمىز ۋە ئويلۇشۇپ بېقىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

ئاللاھ ياراتقان ھەر بىر ئىنساندا، بولۇپمۇ ئىمان كەلتۈرگەن پەيغەمبەر ئەفەندىمىزنىڭ ئۇممەتلىرىدە ئىسلام ئەخلاقى ھەقىقى ئۆزلەشكەن بولسا، بۈگۈن پۈتۈن دۇنيا ئىنسانلىرى بۇ گۈزەل ئەخلاققا ئىگە بولۇپ، ئىسلام داۋاسى ئۆزلىگىدىن ھەل بولۇپ، دۇنيا بىرلىكى ( ئارزۇ قىلغىنىمىزدەك بۈيۈك بىرلىك ) نەتىجىسىگە ئېرىشىپ، بۈگۈنكى ئىلىم - پەن، تېخنىكا، ھۈنەر - سانائەت ساھەلىرىدە راھەت - پاراغەت ئىچىدە ھايات كەچۈرگەن بولاتتۇق. ئەپسۇسكى، مەناسىنى ئۆزلىرىمۇ ياخشى چۈشەنمەيدىغان ئەرەپچە خۇتبە، دۇئا ۋە تەشۋىقاتلىرى سەۋەبىدىن، ئىنسانلار ( بولۇپمۇ ئىسلام ئەھلى ) ھاياتىنى بىھۇدە ئۆتكۈزمەكتە. ھالبۇكى، ئاتا - بوۋىلىرىمىز، ئالىملىرىمىز. بۈيۈك ئىقتىسات ئىگىلىرىمىز، نوپۇزلۇق زاتلىرىمىز، ئومۇمەن دىنىي تەشۋىقاتچىلىرىمىز ئىسلام ئەخلاقى - پەيغەمبەر ئەخلاقىنى، ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئەھكاملىرىنى ۋە ئىلاھىي قانۇنلارنى ھەقىقى ئەمەل قىلىش ئاساسىدا ئۆزلەشتۈرگەن بولسا، ئەلۋەتتە بىز كېيىنكى ئەۋلاتلارغا بۇ گۈزەل ئەخلاق - پەزىلەت، ئىلىم - مەرىپەت، ھۈنەر - سانائەت، ھەقىقى بىرلىك، كۈچ قۇۋۋەت مىراس قالغان بولاتتى. بۈگۈنكى غەپلەت پاتقىقىغا پاتمىغان، خارۇ - زارلىققا قالمىغان بولاتتۇق. ئەپسۇسكى، داۋام قىلىۋاتقان بۇ يولۇمىزنىڭ خاتالىقىنى تونۇماي، تۈزەتمەي، غەپلەت ئۇيقۇمىزدىن ئويغانماي، قۇرئانى كەرىمنى قارغۇلارچە يادلاپ - ئوقۇپ، ئاللاھتىن ئۈمىت قىلىپلا، مەناسىنى بىلمىگەن ئەرەپچە دۇئالارنى قىلىپ يېتىۋەرسەك بۇ غەپلەتلەردىن ھەرگىزمۇ قۇتۇلالمايمىز.

ئاللاھنىڭ ئۈمىدى ئەلبەتتە بىز بەندىلىرىدەدۇر.

ئاللاھ كەرىم، بولۇپمۇ بىز ئىمان كەلتۈرگەن بەندىلىرىدىن بۈيۈك غەيرەت - جاسارەت، ئىلىم - مەرىپەتلىك ئەۋلاتلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈشىمىزنى، ھۆر - مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇشىمىزنى، دەرگاھى ھەققە ئاق يۈز بىلەن كېلىشىمىزنى زور ئۈمىت بىلەن كۈتمەكتە.

شۇڭلاشقا بىز مۇسۇلمانلار كاللىمىزنى سەگەك تۇتۇپ، مەزھەپ غەۋغالىرىدىن ھوشيار بولۇپ، ئىسلام دەۋاسى يېنىدا ۋەتەن - مىللەت داۋاسىنى قىلىپ، دىن - ئىسلامنى ھەر بىرىمىز ئۆز قەلبىمىزدە كۆچلەندۈرۈش قەرزىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك.

( يۇقارقى ماقالە ۋەتەن ئىچىدىكى مەلۇم بىر دىنىي زات تەرىپىدىن قەلەمگە ئېلىندى )

---

## دىن ۋە ئىنسان

تۇرغۇنجان ئالاۋدۇن

دىن — ئاللاھ تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن ۋە پەيغەمبەر ئارقىلىق ئىنسانلارغا يەتكۈزۈلگەن ئىلاھىي قانۇندۇر. بۇ قانۇن ئىنسانىيەتنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە بەخت - سائادەتكە ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ.

دىن ئەقىل ئىگىسى بولغان ئىنسانلار ئۈچۈن كەلگەن بولۇپ، دىندا بەلگىلەنگەن ئەمىر - پەرمانلار، چەكلىملەر، پەرىزلەر، ۋاجىپلار، سۈننەتلەر ۋە ئىبادەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنسانلار ئۈچۈندۇر.

دىنىنىڭ ۋەزىپىسى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى توغرا ۋە ھەق يولغا باشلاپ، خاتا ۋە باتىل يولدىن توسۇشتۇر.

ئاللاھ ئىنسانلارغا بەلگىلىگەن ئەڭ ئاخىرقى دىن ئىسلام دىنى بولۇپ، بۇ دىن ئەڭ مۇكەممەل ۋە پۈتۈن ياخشىلىقلار مۇجەسسەملەنگەن دىندۇر. بىر ئىنسانىنىڭ بەخت - سائادەتكە ئىگە بولۇشى ئۈچۈن نىمە ئىش قىلىشى لازىم بولغان بولسا، ئىسلام دىنى ئۇ ئىشنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئىسلام دىنى ھەر تۈرلۈك ئەخلاق - پەزىلەتكە ئۈيرۈيدىغان دىن، بۇ دىندىن مەھرۇم قالغان ئىنسان يۈكسەك ئەخلاق - پەزىلەتتىن مەھرۇم قالغان ئىنسان دېمەكتۇر. دىنسىزنىڭ نەزىرىدە ئەخلاق - پەزىلەتنىڭ ھېچقانداق قەدرى يوق، گەرچە ئۇ ئاغزىدا ئەخلاق - پەزىلەت، ۋەتەن - مىللەتنىڭ گېپىنى كۆپ قىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ۋەتەن - مىللەتنىڭ شان - شەرىپىنى ماددىي مەنپەئەت بىلەن ئۆلچەيدۇ. «ۋەتەن - مىللەت» دېگەن سۆزدىن ماددىي مەنپەئەت كەلمىسە، ھېچ تەرەددۇت قىلماستىن ۋەتەن - مىللەتنى سېتىۋېتىدۇ، دەل بۇنىڭ ئەكسىچە، دىندار ئىنسان ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن بارلىقىنى پىدا قىلىدۇ، ۋەتەن - مىللەت دېگەن سۆزدىن ماددىي مەنپەئەت كۈتمەيدۇ. بۇ يولدا بېشىغا كەلگەن ھەرقانداق قىيىنچىلىق، بوران - چاپقۇنلارغا بەرداشلىق بېرىدۇ. ۋەتىنىنى، مىللىتىنى ھەقىقى سۆيىدۇ. چۈنكى ئىسلام دىنى ۋەتەن سۆيگۈسىنى ئىماننىڭ جۈملىسىدىن دەپ كۆرستىدۇ.

دىنسىزلىنىڭ قارىشىچە — كائىناتنىڭ پەيدا بولۇشى بىر تەسادىپىلىقتۇر، تەبىئەت ھادىسىلىرىدىن ئىبارەت، ئىنسان بۇ دۇنيادا نىمە ئىش قىلسا قىلسۇن بەربىر ئۆلۈپ تۈگەيدۇ. شۇڭا دۇنيادا قانداق قىلىپ بولسۇن راھەت ياششى لازىم.

دىندار ئىنسانىنىڭ قارىشىچە — پۈتۈن كائىناتنى ئاللاھ ياراتقان، بۇ كائىناتلارنىڭ ئىچىدە ئىنسانىنى ئەڭ قەدىرلىك قىلىپ، ئۇنىڭغا ئەقىل ئاتا قىلغان، شۇڭا ئىنسان بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىدىن مەسئۇلدۇر، ياخشى - يامان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىدىن ئاخىرەتتە چوقۇم ھساپ بېرىدۇ، جەزمەن بىر ھساپ كۈنى بار. شۇڭا ئۇ ھەر دائىم ياخشى ئىشلارنى قىلىشقا ئىنتىلىپ تۇرىدۇ.

دىمەك، ھەقىقى دىندار ئىنسان ۋەتىنى، مىللىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ، ۋەتەن - مىللەتنىڭ قەدرىنى بىلىدۇ، ۋەتەننىڭ ھەر بىر غىرىچ تۇپرىقى شېھىتلار قېنى بىلەن يۇغۇرۇلغانلىقىنى، مىللەت تارىخىنىڭ ھەر بىر سەھىپىسىنىڭ شېھىتلار قېنى بىلەن يېزىلغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ۋەتىنىنى، مىللىتىنى سۆيگەن ۋە شۇ يولدا خىزمەت قىلغان ئىنسان ھەقىقى دىندار ئىنسالدۇر، دىندار ئىنسان ھەقىقى ۋەتەنپەرۋەر، مىللەتپەرۋەر ئىنسالدۇر.

ئىنسانىي ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىشقا، ۋەتىنى، ملىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا ئۈندىگەن بىردىن - بىر ئاساس دىندۇر. ۋەتەن - مىللەتكە خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بولغان ۋەزىپە مۇقەددەس ۋەزىپىدۇر، بىزنىڭ دىنىمىز ئىسلام دىنى ھەممىدىن مۇقەددەستۇر، مۇقەددەس ۋەزىپە مۇقەددەس ئاساسقا تايىنىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا ۋەزىپە تولۇق ئادا قىلىنىدۇ ۋە نەتىجە قازىنىدۇ.

---

( بېشى 5 - بەتتە ) كونفرانستا، «شەرقىي تۈركىستان، مانجۇرىيە، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرى ئىتتىپاقى» رەسمى قۇرۇلدى ۋە دالاي لاما بۇ ئىتتىپاقنىڭ رەئىسلىكىگە دەۋەت قىلىندى. بۇ ئىتتىپاقنىڭ كېيىنكى خەلقئارالىق يىغىنلىرى ئايرىم - ئايرىم ھالدا نيويوركتا، شۋېتسارىيەدە ۋە ميونخېن شەھەرلىرىدە چاقىرىلدى ھەمدە بۇ ئىتتىپاق نامىدىن ئەنگلىز تىلىدا «مۇشتەرەك ئاۋازى» دېگەن نامدا بىر ژورنال نەشر قىلىنىشقا باشلىدى. ئەسلىدە قىسقارتىلغان نامى «ئۇنپو» دەپ ئاتالغان «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى» نى قۇرۇشنى تەشەببۇس قىلغۇچىلارمۇ ھەم ئەنەشۇ ئىتتىپاق تەركىۋىدىكى تىبەتلىك رەھبەرلەر ۋە مىللى رەھبىرىمىز ئەركىن ئالپتېكىن ئىدى.

بۇيەردە شۇنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، يۇقارقى ئىتتىپاقنىڭ 1993 - يىلى 20 - 21 - نويابىر كۈنلىرى ميونخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 4 - قېتىملىق يىغىنىغا، ياۋروپادا ئەڭ بۇرۇن قۇرۇلغان ئۇيغۇر تەشكىلاتى - «ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» ساھىپخانلىق قىلغان ئىدى.

بىز، تىبەت خەلقى بىلەن يېقىندىن تەقدىرداش، كېلەچەكتىكى تەقدىرىمىزمۇ ھەم تىبەتلىكلەردىن بالدۇر ياكى كېيىن ھەل بولىدۇ. بىز ئۇيغۇرلارنىڭ چەتئەللەردىكى ۋەكىللىرى خەلقئارا سەھنىلەردە تىبەتلىكلەرنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىپ كېلىۋاتىمىز. بۇ ھەقتە ئەركىن ئالپتېكىن ئاكىمىزنىڭ ھەمكارلىق پائالىيەتلىرىنى ئالاھىدە مىسال قىلىپ كۆرسۈتۈش مۇمكىن. مەنمۇ يېقىندا ئامېرىكىدا ئۆتكۈزۈلگەن «ئەركىن ئاسىيا» كونفرانسىغا قاتنىشىش ئۈچۈن بارغىنىمدا، تىبەتلىكلەرنىڭ ئامېرىكىدىكى ۋەكىللىرى لودى گىرى ۋە بۇچۇڭ سىرىي ئەپەندىلەر بىلەن ئالاھىدە كۆرۈشتۈم ۋە مىللى قۇرۇلتىيىمىزنى تونۇشتۇرۇپ تەپسىلى مەلۇمات بەردىم. تىبەت ۋەكىللىرىمۇ يۇقىرىقى «ئەركىن ئاسىيا» كونفرانسىغا قاتناشقان ئىدى. مەن، قۇرۇلتاي رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، تىبەتلىكلەر بىلەن ھەمكارلىقىمىزنى تېخىمۇ كېڭەيتىشكە تەرەپدارمەن. يېقىنقى دالاي لاما ھەززەتلىرى ئامېرىكا پرېزىدېنتى بىل - كېلىنتون بىلەن ئۇچرۇشۇش ھارپىسىدا ئۇنىڭغا قۇرۇلتاي نامىدىن مەكتۇپ يوللىغانلىقىممۇ بۇنىڭ بىر ئىپادىسىدۇر. بۇيىل 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى دالاي لامانىڭ تۇغۇلغان كۈنى مۇناسىۋىتى بىلەن شۋېتسارىيەدىكى تىبەتلىكلەر بىر مۇراسىم ئۆتكۈزمەكچى، بىزمۇ مىللى قۇرۇلتىيىمىز نامىدىن بۇ قېتىمقى مۇراسىمغا تەكلىپ بىلەن قاتناشماقچىمىز».

